## 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
## تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى



# تەپەككۇر ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىش

### ــــ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشقا تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بۆلۈمى توغرىسىدا

□ پۈتۈن تارالتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۇڭفېي

«پۇل مۇئامىلە مەدىتىگە ئېرىشتۇق، بىز تېرىقچىلىق كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا تۈرتكە بولىمىز» دېدى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چېنگۋاڭ بىيو پەن - تېخنىكا گۇرۇھى يەكەن چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى شى شۇجاڭ. بۇ شىركەت جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بۆلۈمى يەكەن ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا كۈچ قوشۇش ئۈچۈن كىرگۈزگەن كارخانا بولۇپ، بۇ يىل يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بۆلۈمى بۇ شىركەتكە 170 مىليون يۈەن قەرز پۇل بەردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بۆلۈمى كەسىپ ۋە تۈردىن ئىبارەت ئىككى كۆچەش نۇقتىسىنى نىشانلاپ، تەپەككۇردا يېڭىلىق يارىتىپ، قەرزنى ئۈستىگە ئېلىش سۇبيېكتى بولماسلىق ۋە رەنىلىك كېپىل ئىقتىدارى يېتەرلىك بولماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ «قان ئىشلەش ئىقتىدارى»نى كۈچەيتتى. 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، بۇ شۆبە بۆلۈم مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشقا تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

### كەسىپ ۋە تۈردىن ئىبارەت قوش چاق بىلەن تۈرتكە بولۇش

ھازىر توقسۇ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي داۋالاش كېسەلخانىسى ئۇنىۋېرسال بىناسى ھەم ئۇنىڭ ياندىش قوشۇمچە ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ، يىل ئاخىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى مۆلچەرلەنمەكتە. بۇ تۈرنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بۆلۈمى شىنجاڭ شۆبە بۆلۈمىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش تۈر مەبلىغى جەھەتتە قوللىشىدىن بولدى.

يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بۆلۈمى شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسپلىرى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئاجىز ھالقىلارغا قارىتا، يېزا ئىگىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىدا نىشانلىق كۈچەپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ دەل جايىدا بولۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈردى.

كەسىپ جەھەتتە، بۇ شۆبە بۆلۈم مەۋقەنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش دائىرىسى كەڭ بولغان خاس، ئەۋزەل كەسپلەرنى تاللاپ كۆچەدى، تۈر قۇرۇلۇشى جەھەتتە، نامرات رايونلارنىڭ قاتناش، سۇچىلىق قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىنى چۆرىدەپ كۈچ سەرپ قىلدى.

پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بۆلۈمى خادىملارنى سەپلەش جەھەتتە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا مايىللىشىپ، ئىقتىدارى گەۋدىلىك تېخىمۇ كۆپ كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا سەپلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى باھالاش چارىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە قارىتا ئايرىم گۇرۇپپىلىدى، ئايرىم كۆرسەتكۈچ چۈشۈردى، ئايرىم باھالىدى.

### كىرگۈزۈش ۋە ئىناۋەتنى ئاشۇرۇشتا كۈچ ئۇلاپ بۆسۈش ھاسىل قىلىش

كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش داۋامىدا، قەرزنى ئۈستىگە ئېلىش سۇبيېكتى كەمچىل بولۇش ۋە رەنىلىك كېپىل ئىقتىدارى يېتەرلىك بولماسلىق يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بۆلۈمى شىنجاڭ شۆبە بۆلۈمىنىڭ قەرز پۇل بېرىشنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئىككى قىيىن مەسىلە ئىدى. «شۇڭا بىزنىڭ ئەندىزىدە يېڭىلىق يارىتىپ، شارائىت يارىتىپ ‹قەرز ئالالماسلىق› مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كەلدى» دېدى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ بانكا باشلىقى دۇ يەنكۈن.

قەرزنى ئۈستىگە ئېلىش سۇبيېكتى بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟ بىرى «كىرگۈزۈش»؛ بىرى «قۇرۇش» كېرەك. 2019 - يىلى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بۆلۈمى ئىچكىرى رايونلاردىكى ۋە شىنجاڭ ئىچىدىكى 11 نۇقتىلىق كارخانىنى كىرگۈزۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ماكانلاشتۇرۇپ، بۇ كارخانىلارغا جەمئىي 2 مىليارد 56 مىليون يۈەن ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى مەبلەغ يۆرۈشتۈرۈش ۋە ئەقىل كۆرستىش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، نامرات رايونلارنىڭ يەتتە شىركەت قۇرۇشىغا ياردەملەشتى.

بەزى جايلاردا قەرزنى ئۈستىگە ئېلىش سۇبيېكتى بار بولسىمۇ، لېكىن مەبلەغ ئىناۋىتى يېتەرلىك ئەمەس، رەنىلىك كېپىل كەمچىل ئىدى. بۇ بوغما ھالەت چەكلىمىسىنى بۆزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بۆلۈمى ئىلگىرى - كېيىن يېڭىلىق يارىتىپ، تەمىنلەش زەنجىرى پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت ئەندىزىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا «ھۆكۈمەت ئىناۋەتنى ئاشۇرۇش» ئەندىزىسىنى يولغا قويدى.

بۇ يىل يۇقۇم مەزگىلىدە، شىنجاڭ كوئېنلۇن لۈيۈەن يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئوبوروت قىلىنىدىغان نەق پۇل يېتىشمەسلىك مەسىلىسىگە دۇچ كېلىپ، يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەشتە كىرىزىسقا ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ شىركەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتە يەنە رەنە بۇيۇمى يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بۆلۈمى بۇ شىركەتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، پىكىر يولىدا يېڭىلىق يارىتىپ، زاكازلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، كارخانىغا 160 مىليون يۈەن قەرز پۇل بەردى.

### نامراتلارنى يۆلەش بىلەن ئىرادە جەھەتتىن يۆلەشنى تەڭ ئىلگىرى سۈرۈش

ئەجىر يەردە قالمايدۇ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بۆلۈمى نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇل بېرىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. 2019 - يىلى بۇ شۆبە بۆلۈم جەمئىي 43 مىليارد 929 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتقان بولۇپ، باش بانكا چۈشۈرگەن ۋەزىپىنىڭ تەخمىنەن ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدا، بۇ بانكا جەمئىي 41 مىليارد 569 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى تارقىتىپ، باش بانكا چۈشۈرگەن پۈتۈن يىللىق ۋەزىپىنى 178.41% ئورۇندىدى، بۇنىڭ بىلەن نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەگە پۈتۈن يىللىق قەرز پۇل بېرىش ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

بۇلتۇردىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بۆلۈمى كەسپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەپ، نامرات ئائىلىلەردىكى جەمئىي 67 مىڭ 500 كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى؛ تۈر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە نامرات ئائىلىلەرگە جەمئىي 858 مىڭ ئادەم قېتىم مۇلازىمەت قىلدى، تۈرتكە بولدى.

بوجېڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ خوتەن ناھىيەسى يېڭىئاۋات يېزىسىدىكى ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش بازىسىدا، يىلدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئوت - چۆپ 250 مىڭ تونناغا، بېقىلىدىغان گۆش قويى 650 مىڭغا يېتىدۇ. بۇ يىل، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى بۇ شىركەتكە 220 مىليون يۈەن قەرز پۇل بەردى. بۇ تۈر نامرات ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. يېڭىئاۋات يېزىسى يېڭىئاۋات كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇرجاھان قېيۇم بىلەن ئېرىنىڭ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولدى. «ئىككىمىزنىڭ ئايلىق مائاشى جەمئىي 7500 يۈەن، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ!»

كەسىپ ۋە تۈرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، زور بىر تۈركۈم نامرات ئائىلىدىكىلەر دېھقاندىن كەسىپ ئىشچىسىغا ئايلاندى. «تۈر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تەبىئىي مۇھىت ۋە جەمئىيەت مۇھىتى جەھەتتىن نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. نامرات ئائىلىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپلا قالماي، ئىدىيە قارىشىمۇ ‹مېنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇر›دىن ‹مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلىمەن›گە ئۆزگەردى» دېدى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى جېڭ بىن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سانائەت ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىقى ۋە چىدامچانلىقىنى ساقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەخسۇس تۈر ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، نېفت خىمىيە، مېتاللورگىيە، رەڭلىك مېتال قاتارلىق ئەنئەنىۋى كەسپلەردە ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئەۋزەل كەسپلەرنىڭ تېپنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى.

دۆلەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسى ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تېزدىن يېتىشتۈرۈپ ۋە قويۇپ بېرىپ، نۇقتىلىق ساھەلەردىكى بىر تۈركۈم ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا مۇھىم، زور بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈپ، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت قوغداش، يېڭى ئېنېرگىيە، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر، يېڭى ماتېرىيال، ئىلغار جابدۇق قاتارلىق كەسپلەردە تېز سۈرئەتتە ئېشىشنى ساقلىدى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، سانائەتتە ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 12.2%كە يەتتى.

بۇ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ساھەسى دىققەتنى دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چىقارغان كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم، زور تۈرلەردە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش - ئىلگىرى سۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىپ، كارخانىلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى دەل جايىدا، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى. 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.4% ئېشىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.8 پىرسەنت پوئېنت ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن بەش پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇندا تۇردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

جىلك ناھىيەسى ئىلمىي پىلانلاپ، ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇشنى يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاش، گۈزەل، ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان يېزا - كەنت قۇرۇشنىڭ پۇرسىتى قىلدى. 2017 - يىلىدىن ھازىرغىچە، جىلك ناھىيەسى 551 مىليون 838 مىڭ يۈەن تۈرلۈك ياردەم پۇلى مەبلىغى سېلىپ، ئاپەتتىن كېيىن 11 مىڭ 266 يۈرۈش ئۆينى قايتا سالدى.

ئۈلان داندىغاي كەنتى ئاپەتكە ئۇچرىغان كەنت ئاھالىلىرىگە مەركەزلىك پىلانلاپ ئۆي سېلىپ بەردى، تۆت كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسىدىكى 210 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى يېڭى تۇرالغۇ نۇقتىسىغا كۆچۈپ كەلدى. ھەربىر يېڭى ئۆينىڭ كۆلىمى 80 كۋادرات مېتىر، ئۆينىڭ ھويلا قورۇلمىسى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، سۇ، توك تۇتاشتۇرۇلدى، ئاسفالت يول ياسىلىپ، يول چىرىغى ئورنىتىلدى.

### ناخشا ئېيتىپ پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى كۈيلەش

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، كەنت ئاھالىسى ۋۇ. بايرتانىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمدە، لەرزان ناخشا ساداسى ئاڭلاندى. ۋۇ. بايرتا ئات باشلىق غېجەك چېلىپ، ئۇچىسىغا رەڭدار، كۆركەم موڭغۇلچە تون كىيىپ، كارىۋات قىرىدا ئولتۇرۇپ، 85 ياشلىق ئانىسىغا «جاڭغىر» ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى.

«مەن كىچىك ۋاقتىمدا چوڭلاردىن ‹جاڭغىر› ئېيتىشنى ئۆگەنگەن، ھازىر ئانام ياشىنىپ قالدى، ۋاقتىم چىقسىلا ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىمەن.» بۇ يىل 56 ياشقا كىرگەن ۋۇ. بايرتا جاڭغىر ۋارىسى، ھەر قېتىم كەنتتە ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۇ كەنت ئاھالىلىرىگە پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ.

«پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنىڭ ياردىمىدە، بىز يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپلا قالماي، يەنە مۇقىم خىزمىتىمىز بار بولدى، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۇق، مەن ناخشام ئارقىلىق ئۇلۇغ پارتىيەنى، ئۇلۇغ ۋەتەننى كۈيلەيمەن» دېدى ۋۇ. بايرتا.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى گۇڭ. تۆربايىر مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يەردە موڭغۇل ئامما كۆپ، كەنت كەنت ئاھالىلىرىنى تەشكىللەپ، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئامما ياقتۇرىدىغان شەكىل ئارقىلىق ھەربىر كەنت، ھەربىر ئائىلىگە جانلىق تەشۋىق قىلىپ، ئاممىغا چۈشەندۈردى، ئاممىنى خۇشال قىلدى.

كەنت مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزىدە، بىر چوڭ سەھنە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى تەشكىللەيدۇ، كەنت ئاھالىلىرى چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزى تۈزۈپ، ئۆزى تەييارلىغان نومۇرلارنى ئورۇنلاپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، گۈزەل تۇرمۇشنى بىرلىكتە مەدھىيەلەيدۇ.

«كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆستى، مەنىۋى تۇرمۇشىمۇ ياخشىلىنىشى كېرەك، بىز مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۇزاق مۇددەت قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرەڭگۈ قىلىمىز» دېدى گۇڭ. تۆربايىر.

### قۇملۇق ئۆرپ - ئادەت ساياھىتى كەنت ئاھالىلىرىنى بېيىتتى

ئەۋزەل قۇملۇق بايلىقى ئۈلان داندىغاي كەنتىنىڭ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىكى مۇنبەت تۇپراق.

قۇملۇقتا پىيادە مېڭىش، قۇمدا سىيرىلىش، دېھقانلار تامقى يېيىش... جىلك ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرىدىغان لى چياڭ ئۈلان داندىغاي كەنتىنىڭ دائىملىق مېھمىنى، «بۇ جاي ناھىيە بازىرىغا ناھايىتى يېقىن، ھەپتە ئاخىرىدا دائىم دوستلىرىم بىلەن دېيىشىپ، بىللە ئوينىغىلى كېلىمەن، بىز قۇملۇق دالا تۈرىدىن ھۇزۇرلىنىپلا قالماي، يەنە بۇ جاينىڭ خاس مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلالايمىز».

ساياھەتچىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كەنت ئاھالىسى با. سويۇلبات دېھقانلار ئارامگاھى ئاچتى. «ئۆكتەبىر بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە سودا ناھايىتى ياخشى بولدى، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئارامگاھتا مېھمانلارنى كۈتۈپ ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. گەرچە ناھايىتى چارچىغان بولساقمۇ، لېكىن كىرىممۇ كۆپ بولدى.» با. سويۇلباتنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى، ساياھەتنىڭ ئاۋات پەسلىدە ئۇنىڭ بىر ئايلىق كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان بولۇپ، كۈنلىرى ئىنتايىن ياخشى ئىدى.

«كەنتىنىڭ قۇملۇق بىلەن بولغان ئەڭ يېقىن ئارىلىقى 600 مېترلا كېلىدۇ. بىز قۇم تىزگىنلەش جەريانىدا قاقاس قۇملۇقتا تەرەققىيات سودا پۇرسىتى بارلىقىنى، يەنى قۇملۇق ساياھىتى قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بايقىدۇق.» گۇڭ. تۆربايىر مۇنداق تونۇشتۇردى: كەنت قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيەسى، قۇملۇقتا پىيادە مېڭىش، قۇملۇقتا تاختا بىلەن سىيرىلىش، قۇم بىلەن داۋالاش، دالىدا موتوسىكلىت مىنىش قاتارلىق تۈرلەرنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دېھقانلار ئارامگاھى، پۇقراۋى قونالغۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئىلھام بەردى، مەدەت بەردى.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ۋارىسلىرى قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيەت ساياھىتىنى دېھقانچىلىق ئىشلىرى، دېھقانلار قورۇملىرى، دېھقانلار ھويلا - ئاران مەنزىرىسىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى يېزا - كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيمىز» دېدى گۇڭ. تۆربايىر.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)